# ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاكىتى



1914 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى باشلاندى. گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە، ئوسمان ئىمپېرىيىسى بىرلەشتى ۋە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بولۇپ ئۇيۇشتى. ئەنگلىيە، فرانسىيە، ۋە روسىيە ئانتانتا دۆلەتلەر گورۇھىنى شەكىللەندۈردى. ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر تېزدىن كېڭىيىۋاتقان روسىيىنى چەكلەشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئانتانتا دۆلەتنىڭ مەقستى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى يەر شارىدىن يوقۇتۇش ئىدى.

روسىيە ئارمىيىسىنىڭ شاھزادە نىكولاي باشچىلىقىدىكى 200مىڭ كىشىلىك قوشۇنى 1914 ـ يىلى قىشتا ئەنۋەر پاشا باشچىلىقىدىكى 100مىڭ كىشىلىك تۈرك قوشۇنىنى يوقاتتى. ئارقىدىنلا غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ ترابزون، ئەرزىنجان، مۇش ۋە تىبلىسىنى ئىگەللەپ بۇ جايدىكى تۈرك ئاھالىلىرىنى قىرىپ تاشلاپ، كاپكازدىن ئەرمەنلەرنى كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇردى. سۈۋەيش قانىلى بويىدا ئەنگلىيە ئارمىيىسى جامال پاشا قوماندانلىقىدىكى قوشۇننى مەغلۇپ قىلدى.

1915 ـ يىلى ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى پايتەخت ئىستامبۇلنىڭ ئەتراپىغا يېتىپ كەلدى. ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سولتانى، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ خەلىپىسى سۇلتان ئابدۇلھەمىد ھەتتا ئىستانبولنى تاشلاپ كۇنياغا كەتمەكچى بولدى. 1915 ـ يىلدىن 1917 ـ يىلغىچە ئەنگلىيە ئارمىيىسى بەسرە، باغدات، فرات دەريا ۋادىسى قاتارلىق ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلدى. ئوسمان ئىمپېرىيىسى بارغانسېرى ئاجىزلاپ كەتتى.

ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىكى ئەرەپلەر مۇپتى ھۈسەيىنىنىڭ رەھبەرلىكىدە تۈرك ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى سەپ تۈزدى. ئۇ 1914 ـ يىلى ئەنگلىيە بىلەن كېلىشىم تۈزدى. كېلىشىمنىڭ مەزمۇنى ئەرەپلەر ۋە ئەنگلىيە بىرلىشىپ ئوسمان ئىمپېرىيەسىنى يۇقۇتۇش. ئەنگلىيە ئەرەپلەرگە سۇرىيە، ئىراق ۋە ئىئوردان دەريا سى ۋادىسىغا سوزۇلغان ئەرەپ دۆلىتى قۇرۇپ بېرىش ئىدى. ئەرەپلەرنىڭ قوزغىلىڭى باشلىنىپ، تۈرك ئاھالىلىرى ئۆلتۈرۈلدى، تۈرك ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلىش

باشلاندى. 1917 ـ يىلى ئەرەپ ـ ئەنگلىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى ئېرۇسالىمدىكى تۈرك ئارمىيىسىنى يوقۇتۇپ ئېرۇسالىمنى تارتىۋالدى. 1918 ـ يىلى يېڭىدىن تەشكىللەنگەن ئەرەپ ـ ئەنگلىيە ئارمىيىسى تۈرك ئارمىيىسىنىڭ 80مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى ھەلەپتە قورشىۋالدى. ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ يېڭىدىن سەپلەنگەن ئوت كۈچى زور زەمبىرەكلىرى تۈرك ئارمىيىسىنى تىرە ـ پىرەن قىلىۋەتتى، ئارقىدىنلا قىلىچ ۋە ئەنگلىيە مىلتىقلىرى بىلەن قوراللانغان ئەرەپ جەڭچىلىرى

ھۇجۇمغا ئۆتتى. 80مىڭ كىشىلىك تۈرك قوشۇنى ھەلەپتە يوقۇتۇلدى. بۇنىڭ بىلەن تۈرك قوشۇنىنىڭ ئېرۇسالىمغا ھۇجۇم قىلغۇدەك كۈچى قالمىدى.

(بۇ ۋەقە گەرچە ئەرەپلەر ئۈچۈن ئازادلىق بەلگىسى بولسىمۇ، ئەمىللىيەتتە ئەنگلىيىنىڭ ئېروسالىمنى ئىشغال قىلىشىغا ياردەملىشىشى دەل ئەرەپلەرنىڭ ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇشقا قوشقان زور تۆھپىسى بولۇپ قالدى)

دەل شۇ پەيتتە مۇستاپا كامال مەغلۇپ بولغان تۈرك قوشۇننى قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، بىر-نەچچە كۈن ئىچىدە قايتا ھۇجۇم تەشكىللەپ ئەنگلىيە ئارمىيىسى تارتىۋالغان دەمەشق، ھەلەپ ۋە ئېرۇسالېمنى قايتۇرۇۋېلىشنى، جەڭگە ئۆزى قوماندانلىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپ سۇلتان تەرىپىدىن رەت قىلىندى.

1918 -يىلى سۇلتان ۋاھىددىن ئانتانتا دۆلەتلىرىگە تەسلىم بولدى. ئەنگلىيە-فرانسىيە ئارمىيىسى ئىستانبۇلغا كىردى. سولتان ۋاھىددىن

نامـــدىكى ســـۇلتانلىقنى ۋە ئـــوردا ـ ســـاراي، كېنىزەكلىرىنى ساقلاپ قالـدى. تـۈرك ئارمىيـسىگە قۇرالنى ئەنگلىيە ـ فرانـسىيە ئارمـسىگە تاپـشۇرۇپ بېرىش، ئۆزلىرى ئۆيىگە قايتىـپ كېـتىش بـۇيرۇقى چۈشـۈردى. گەرچە مۇســتاپا كامـــال چېچىلــپ كەتـكەن تـۈرك ئارمىيــسىنى قايتــا تەشـكىللەپ، تاجـاۋۇزچىلارنى قــوغلاپ چىقىرــپ تــۈركىيىنى ساقلاپ قالغان بولـسىمۇ، ئوسـمان ئىمپېرىيــسىنى قايتا قۇرالمايتتى ئەلبەتتە.

ئەنگلىيە بولسا ئەرەپلەرنى تۆركلەردىن ئازاد قىلغان دوست سۆپىتىدە ئېرۇسالىمدا قوشۇن تۇرغۇزدى. ئەنگلىيىلىك دوستلار ۋە ئۇلارغا ئەگىشىپلا يېتىپ كەلگەن يەھۇدى دوستلار ئېرۇسالىمغا تۆركۈم-تۆركۈملەپ كېلىشكە باشلىدى. ئەرەپلەر بىلەن يەھۇدىلارنىڭ سودىسى قىزىپ كەتتى. ئەرەپلەر يەرلىرىنى، چۆللۈكلىرىنى، قاقاس تاغلىرىنى سېتىپ بەردى. پۇلنىڭ كۆزىگە قارىمايدىغان يەھۇدىلار ئىنتايىن ياخشى تەسىرات قالدۇردى. ئەرەپلەر يەھۇدىلار پارچە-پۇرات

يەرلەرنى ئۇلاپ «ئىسرائىلىيە» دۆلىتى قۇرغانلىقىنى جاكالىغانــدا ئــشىنىڭ مــاھىيىتىنى ئاڭقىرالىغــان بۇلۇشى مۇمكىن. بىراق بۇ چاغــدا ھەمــمە ئــش ئۆتكەن ئىدى.

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: June 201023

ئاپتۇر: Karahan

http://uyghuracademy. com/?p=8530